يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى:

# «بۇلۇت تېرمىنالى»دا قەبرە يوقلاپ ـ سوپۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئېتەيلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ خېيفېڭ

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلار ھەققىدىكى سۈرەت بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن كۆرگەزمىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، يەنە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىشكە ئورتاق ئاتلىنىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرغانلىقىدەك سەلتەنەتلىك داستانىنى قايتا ئەسلىگىلى بولىدۇ... ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ باشقۇرغۇچى تەرەپ تور بېكىتىگە چىقىسىلا ياكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ ۋىيشىن ئاممىۋى سۇپىسىنى ئاچسىلا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئەتكىلى بولىدۇ.

«ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش پەيتىدە، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، بىز بۇلۇت تېرمىنالىدا قەبرە يوقلاپ ـ سوپۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئېتىش پائالىيىتىنى يولغا قويدۇق. ھازىرغىچە، بۇلۇت تېرمىنالىدا قەھرىمانلار، قۇربانلار خاتىرە سارىيىنى زىيارەت قىلغانلار 480 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جىنجى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مۇخبىرغا.

مۇخبىر ۋىيشىن ئاممىۋى سۇپىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «بۇلۇت تېرمىنال مۇلازىمىتى» ئارقىلىق، جۇڭخۇا قەھرىمانلار، قۇربانلار تورىغا چىقىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار شەجەرىسى مەخسۇس سەھىپىسىگە كىرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆردى. بۇلۇت تېرمىنالى قەھرىمانلار، قۇربانلار خاتىرە سارىيىدا، «ئىنقىلابىي قۇربان چېن تەنچيۇنىڭ قەبرىسى» توردىشلار تەرىپىدىن 20 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق يوقلاندى، سوپۇرۇلدى. بۇ يەردە گۈل تەقدىم قىلغىلى، شام ياققىلى، يەنە ناخشا تەلەپ قىلغىلى بولىدۇ. مۇخبىر بىر دەستە قىزىل كاگنەيشىن گۈلىنى تەقدىم قىلدى، قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك پانۇسى ياقتى ھەم «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» ناملىق ناخشىنى تەلەپ قىلدى. چوڭقۇر مۇھەببەتلىك ناخشا ياڭرىدى، ئوتتۇرىسىدىكى كاگنەيشىن گۈلى ئاق مەرمەر تاش ئابىدىدە جىلۋىلەندى، قىزىل رەڭلىك پانۇسلار ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى، كۆرۈنۈش ھەيۋەتلىك ھەم سۈكۈناتلىق ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى «تيانشان ئابىدىسى» چوڭ كۆرگەزمىسىنىمۇ «بۇلۇت تېرمىنال»غا چىقىرىپ، «ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاياتلىق يولى ئىزدەش» مەخسۇس سەھىپىسىنى ئالايىتەن تەسىس قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان شانلىق نەتىجىلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردى. يېقىندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى يەنە ۋىيشىن ئاممىۋى سۇپىسىدا «ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجىغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا» سەھىپىسىنى ئاچتى. قىممەتلىك كونا سۈرەتلەر، تىللاردا داستان بولغۇدەك تارىخىي ھېكايىلەر ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يىراق غەربىي شىمالغا جايلاشقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغان قايناق ھېسسىياتلىق ئۈتمۈشىنى نامايان قىلدى.

1938 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش باش جەمئىيىتى ئايروپىلان ئىئانە قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ زىبۇ ـ زىننەت، ئاسما گىلەم، تاۋار كىيىم ـ كېچەك، قوي ـ كالا، چوڭ ھارۋا قاتارلىق نەرسىلىرىنى بەس ـ بەستە ئىئانە قىلىپ، بىر يىلدىلا 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن(فابى) ئىئانە توپلاپ، ئون كۆرەشچى ئايروپىلان سېتىۋالدى ھەم ئۇنىڭغا «شىنجاڭ ناملىق» دەپ نام بەردى. ئاشۇ ئىنتايىن مۈشكۈل دەۋردە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقى «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى توختىمىسا، بىزنىڭ ئىئانە توپلاش پائالىيىتىمىزمۇ توختاپ قالمايدۇ» دېگەن شوئارنى تۋۆلىدى.

«ھەر يىلى بۇ تارىخنى قايتا ئەسلىسەم قەلبىم ھاياجانغا تولىدۇ. دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىشكە ئورتاق ئاتلانغان. بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ، بىزنى مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ» دېدى شەھەر ئاھالىسى ۋاڭ جېنخۇا ھاياجانلانغان ھالدا.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ۋىيشىن ئاممىۋى سۇپىسىدا يەنە «دۆلەت قەھرىمانلىرى مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى» سەھىپىسى ئېچىپ، ياڭ جىڭيۈ، جاڭ زىجۇڭ، جاۋ يىمەن، «سەككىز ئايال قەھرىماننىڭ دەرياغا سەكرىشى» قاتارلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ قەھرىمانە ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاممىۋى سۇپىدا يەنە قىزىل ھېكايىلەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

«80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» شەھەر ئاھالىسى لى نەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئىنقىلابىي قۇربان جاۋ يىمەن يازغان ‹ئوغلۇمغا خەت›تە ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن، دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن مەردانىلىك بىلەن ئۆلۈمگە ئاتلانغان بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ئەستە ساقلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمنىمۇ بۇ سۇپىغا چىقىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلدىم، ئۇنىڭ بۇ تارىخنى ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىرادە باغلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».



ساتىراشخانىلار ئىشىكنى ئېچىپ خېرىدار كۈتۈۋالدى

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىدا چاچ ياساتماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

پىدائىي توختى تۇردى:

# بىر ئۆلۈش قىزغىنلىقىم بىلەن بىر ئۆلۈش تۆھپە قوشىمەن

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ شى

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سائەت 14، توختى تۇردى بىرنەچچە ئائىلىلىكنىڭ كۆكتاتلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كەلدى، تەرگە چۆمۈلگەن ئۇ چۈشلۈك تاماقنى يېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا، بىر ياشانغان ئاھالىگە دورا ئېلىش ئۈچۈن يەنە دورىخانىغا ماڭدى...

«بىر ئۆلۈش قىزغىنلىقىم بىلەن بىر ئۆلۈش تۆھپە قوشىمەن» «كۆپچىلىككە مۇلازىمەت قىلىش مېنىڭ خۇشاللىقىم»... بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىنى ئىتتىپاق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ كونسۇل كوچىسى شىمالىي مەھەللىسىدىكى پىدائىي توختى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ سۆزلەر ئاھالىلەرگە ياد بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ قېتىمقى يۇقۇم توختىنىڭ خوتۇنى بىلەن ساياھەتكە چىقىش پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. «دادا، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، ھەرگىز سىرتقا چىقماڭ.» سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلى ۋە مەھەللىدە خىزمەت قىلىۋاتقان قىزى توختىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېفون قىلىپ شۇنداق تاپىلىدى.

«ئوغلۇم، سەن كومپارتىيە ئەزاسى، مەنمۇ شۇ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە، مەن سىلەرگە ئۈلگە بولۇشۇم كېرەك!» دېدى توختى ۋىيشىندا بالىسىغا سۆز قالدۇرۇپ. مەھەللە پىدائىي قوبۇل قىلىش تەشەببۇسىنى چىقارغاندىن كېيىن، توختى شۇ ھامان تىزىمغا ئالدۇردى.

ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئائىلىلەرگە كىرىپ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، تازىلاش... ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، يا ئېغىر دېزىنفېكسىيەلەش ئۈسكۈنىسىنى يۈدۈپ يۈردى، يا ئاھالىلەر ئۈچۈن سېتىۋالغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇدى. ئولتۇراق رايوننىڭ سىرتىدىن ئىچىگىچە، بىنانىڭ ئاستىدىن ئۈستىگىچە مېڭىپ يۈرگەچكە، توختىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغى ھەمىشە تەردىن ھۆل بولۇپ كېتەتتى، كەچتە ئۆيگە قايتقاندا چارچاپ ھالىدىن كەتسىمۇ، ئەتىسى يەنىلا ئۆز ۋاقتىدا ئىش ئورنىدا پەيدا بولاتتى.

پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتناشقان نەچچە ئون كۈندىن بۇيان، توختى باشقا پىدائىيلار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراق رايوندىكى بىر بىنادىكى 216 ئائىلىلىككە مۇلازىمەت قىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە نەچچە ئون تېلېفون قوبۇل قىلدى، 100دىن ئارتۇق ۋىيشىن ئۇچۇرى يوللىدى؛ مۇلازىمەت قىلىدىغان بىنادىن زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش نۇقتىسىغىچە بولغان تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يولدا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە ئون نەچچە قېتىم ۋېلىسىپىتلىق قاتنىدى.

توختىنىڭ دائىم بىلىنى مۇشتلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، كونسۇل كوچىسى شىمالىي مەھەللە كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ما لىنچېڭ توختىغا ئۆيىگە قايتىپ ئوبدان ئارام ئېلىشنى دەۋەت قىلدى. لېكىن توختى: «مەن 22 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، بۇنچىلىك كىچىك كېسەل مېنى قانداقمۇ يىقىتالىسۇن؟» دېدى.

«ئەڭ قىيىن بولغىنى تېمپېراتۇرا 30 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چىققان كۈنلەر بولدى، ھەر كۈنى ئاھالىلەرگە ئون نەچچە سائەتلەپ مۇلازىمەت قىلدۇق، بەدىنىمگە ھۆل تەمرەتكە چىقىپ كەتتى، قىچىشىپ ئاغرىپ ئارام بەرمىدى.» توختىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاغدا ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتقاندا، خوتۇنى ئۇنىڭ بەدىنىگە مەلھەم دورا سۈركەپ، پىدائىي بولماسلىقنى ئېيتىپتۇ، «ئولتۇراق رايوندىكى ئائىلىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ساق ـ سالامەت بولسا، ئاندىن بىزمۇ ساق ـ سالامەت بولىمىز» دەپتۇ ئۇ خوتۇنىغا.

پىدائىيلار مۇلازىمىتىدە، ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغان توختى مۇلازىمەت سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. توختى بىلەن خوتۇنى ئاھالىلەرگە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش، يەتكۈزۈپ بېرىش، تارقىتىشتا خاتالىق كۆرۈلمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى كەچتە ئاھالىلەر ۋىيشىن توپىدىكى ھەرقايسى ئائىلىلەر زاكاز قىلغان نەرسىلەرنىڭ سانى، تۈرىنى تەپسىلىي ئىستاتىستىكا قىلىپ، تىزىملىكنى بېسىپ چىقىرىپ، ئائىلىمۇئائىلە، بىرمۇبىر سېلىشتۇردى. ئۇ يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋىيشىن توپىدا شۇ كۈنى ئېگىلگەن سەي تۈرى ۋە باھاسىنى ئېلان قىلدى. گەرچە ئۇ مۇشۇنداق ئىشلەپ ھەر كۈنى كەچكىچە ئالدىراش يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلاتتى.

گۈل تەقدىم قىلغۇچىنىڭ قولىدا گۈلنىڭ خۇش ھىدى قالىدۇ. توختىنىڭ ئىللىق مۇلازىمىتى ئاھالىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن ئاھالە سېتىۋېلىش قېتىم سانىنى ئازايتىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆيلەرگە بېرىپ ئەخلەت يىغقاندا، ئاھالىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەخلەت خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ياخشى چىگدى، يەنە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى ھەم دەم ئېلىشقا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتتى.

ئاھالىلەرنىڭ رەھمىتىگە جاۋابەن توختى مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، شۇڭا مەسئۇلىيەتتىن تېخىمۇ باش تارتماسلىقىم كېرەك».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭ كۆۋرۈكى تۈرىدىكى تۈنجى تۈۋرۈك ئۇلىغا بېتون قۇيۇش ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. «بۇ تۈر نامراتلارنى يۆلەشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇشچىلار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈر قۇرۇلۇشىدا مۇھىم بىر قەدەم باستى» دېدى بۇ تۈرنىڭ قوماندانى جاۋ شياۋجۇن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرى يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ تىرىشىپ قۇرۇلۇش قىلدى. بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 51 قاتناش قۇرۇلۇشى تۈرى پىلانلانغان بولۇپ، پىلاندىكى سېلىنما 54 مىليارد 242 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 32 مىڭ 700 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تاشيولى 24 مىڭ 500 كىلومېتىر.

ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرگە كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەبلەغ سېلىشنى تېزلىتىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ سۈرئىتىنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتتى. ئالدىنقى يەتتە ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تۈر قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرى مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە ئىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، 35 داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ھەممىسىدە ئىش ئەسلىگە كەلدى، يېڭىدىن ئىش باشلانغان 13 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، G30 شياۋساۋخۇ ـ ئۈرۈمچى تۈرىدە ئاساسىي لىنىيە تۇتاشتۇرۇلدى، G0711 ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر تۈرى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، ئاچقۇچلۇق قۇرۇلۇش بولغان تيانشان غالىبىيەت تونېلى ئومۇمىيۈزلۈك ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى باسقۇچىغا كىردى، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، 7944 كىلومېتىر يول قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرگە قارىتا، قۇرۇلۇش مۇددىتى تەتۈر تىزىلىپ، مەسئۇلىيەت چىڭىتىلىپ، سۈرئەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛ يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەر ۋە تەييارلىق قىلىنىۋاتقان تۈرلەردە ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلۇپ، زاپاس تەييارلاش كۈچەيتىلىپ، زاپاس تۈرلەرنىڭ سۈرئىتى پۇختا ئالغا سىلجىتىلىدۇ؛ بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىپ، تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، پۈتۈن يىللىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)